# ئومۇمىي خەلقنى قاپلىغان ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي كاپالەت ئىشلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى بىرىكتۈرۈپ، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ چوڭ كېسەل سۇغۇرتىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، دۆلەت داۋالىنىش كاپالىتى ئىدارىسىنى تەشكىللەپ قۇردى. ئومۇمىي خەلقنى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇش پىلانىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققى نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىپ، بىر قىسىم دۆلەت كاپىتالىنى ئاجرىتىپ يۆتكەپ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندىنى تولۇقلىدى. ياشانغانلار كۈتۈنۈش، بالىلارنى ھاۋالىلىك بېقىش، مېيىپلەرگە ياردەم بېرىش قاتارلىق پاراۋانلىق ئىشلىرىنى پائال تەرەققىي قىلدۇردى، خەلق ئاممىسى شەھەر ـ يېزا، رايون، جىنس، كەسىپ بويىچە ئايرىلماستىن، ياشىنىپ قېلىش، كېسەللىك، ئىشسىزلىق، ئىشتا يارىلىنىش، مېيىپلىك، نامراتلىق قاتارلىق خەۋپ ـ خەتەرگە يولۇققاندا ھەممىسى مۇناسىپ تۈزۈم كاپالىتىگە ئىگە بولدى. نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، ئىجتىمائىي نەپىقە قاتارلىق تۈزۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، فۇنكسىيەسى مۇكەممەل بولغان ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن بەرپا قىلىنىپ، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى 1 مىليارد 360 مىليون كىشىنى قاپلاپ، ياشانغانلار ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى 1 مىلياردقا يېقىن كىشىنى قاپلاپ، دۇنيادىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى بولۇپ قالدى. بۇ، خەلققە گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى، ئۆز قەرەلىدە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى، بېرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتتە ئۆزگىرىش بولۇشى ۋە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش، ياشانغانلار نوپۇسى كۆپىيىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش شەكلى كۆپ خىللىشىشنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىدا يەنىلا يېتەرسىزلىكلەر ساقلانماقتا، بۇنىڭغا جەزمەن يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش ھەم ئۇنى ھەقىقىي ھەل قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بىز مەۋقەنى دۆلەت ئەھۋالىغا قويۇپ، پائال ئىزدىنىپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، چەت ئەللەرنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت جەھەتتىكى پايدىلىق تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش، ئۆرنەك قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، روشەن جۇڭگوچە ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بەرپا قىلدۇق. بىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىپ، ئىجتىمائىي كاپالەت ئىشلىرىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىغا تۈرتكە بولدۇق؛ خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئورتاق بېيىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇش، جەمئىيەت ئادىللىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئىجتىمائىي كاپالەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈپ مەۋقەسى ۋە مەقسىتى قىلىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ئومۇمىي خەلقنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل نەپكە ئېرىشتۈردۇق؛ تۈزۈم ئارقىلىق يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك قاپلاش، ئاساسقا كاپالەتلىك قىلىش، كۆپ قاتلاملىق بولۇش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇش قاتارلىق نىشانلارنى چۆرىدەپ، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتۇق؛ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھ قىلىش ئۇسۇلى ۋە يېڭىلىق يارىتىش تەپەككۇرى ئارقىلىق تەرەققىيات داۋامىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، تۈزۈلمە ـ مېخانىزمدىكى توسالغۇلارنى قەتئىي تۈگىتىپ، ئىجتىمائىي كاپالەت ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولدۇق؛ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەم قۇربىمىزنىڭ يېتىشىچە ئىشلەپ، ھەم مادارىمىزغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئىقتىساد ۋە مالىيە كۈچىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل ئېشىشى ئاساسىدا ئىجتىمائىي كاپالەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈردۇق، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلمىدۇق، باسقۇچتىن ھالقىپ كەتمىدۇق. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەردە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىجتىمائىي كاپالەت خەلق ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. سىستېما قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى تەلەپلەرنى ياخشى ئىگىلەپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىش داۋامىدا ئىجتىمائىي كاپالەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە ئۇنى پىلانلاش كېرەك. ئىستراتېگىيەلىك نەزەر تۇرغۇزۇپ، خەلقنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تۇرمۇشقا بولغان ئارزۇسىغا ئۇيغۇنلىشىپ، ئادەمنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتى ۋە ئومۇمىي خەلقنىڭ ئورتاق بېيىش مۇساپىسىگە ماسلىشىپ، بالىلار بېقىلىدىغان بولۇش، ئوقۇيدىغانلار ئوقۇيالايدىغان بولۇش، ئىشلىگەنلەر ھەق ئالالايدىغان بولۇش، ئاغرىقلار داۋالىنالايدىغان بولۇش، ياشانغانلار كۈتۈنەلەيدىغان بولۇش، ئۆيسىزلەرنىڭ تۇرىدىغان جايى بولۇش، ئاجىزلارنىڭ يار ـ يۆلەكى بولۇشتا يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇش كېرەك. خەۋپ ـ خەتەر ئېڭىنى كۈچەيتىپ، كەلگۈسىدە دۆلىتىمىزدە ياشانغانلار نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى، ئوتتۇرىچە كۆزلىمە ئۆمۈرنىڭ ئۇزىرىشى، مائارىپنى قوبۇل قىلىش يىل چېكىنىڭ ئېشىشى، ئەمگەك كۈچى قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق تەرەققىيات يۈزلىنىشلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ھۆكۈم قىلىپ، خىزمەتتىكى ئالدىن كۆرەرلىك ۋە تەشەببۇسكارلىقنى ئاشۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى ئىسلاھاتى سىستېمىلىق توپلاشتۇرۇش، ماس، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇش باسقۇچىغا كىردى. ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ئارىسىدىكى، ئىجتىمائىي كاپالەت ساھەسى بىلەن باشقا ئالاقىدار ساھەلەر ئارىسىدىكى ئىسلاھات باغلىنىشىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، بىرتۇتاش پىلانلاش ۋە ماسلاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك ئىسلاھاتلاردا ئومۇمىي بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەسىلە يۆنىلىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پۇقرالارنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت جەھەتتىكى ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان باش قاتۇرىدىغان ئىشلىرى، غەم قىلىدىغان ئىشلىرى، ئەندىشە قىلىدىغان ئىشلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش كېرەك. كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تۈۋرۈكلۈك ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى سىستېمىسىنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ خىللاشقان ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇش كېرەك. ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى، ئىشتا يارىلىنىش سۇغۇرتىسىنى ئۆلكە دەرىجىلىك بىرتۇتاش غەملەشكە تۈرتكە بولۇپ، مەركەز ۋە يەرلىكنىڭ ئىش ھوقۇقى ۋە چىقىم مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. يېزا ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىگە كىرگۈزۈپ بىرتۇتاش پىلانلاپ، يېزا ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش تۈزۈمىنى تاكاممۇللاشتۇرۇپ، دائىملىق ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. دېھقان ئىشلەمچىلەر، جانلىق ئىشقا ئورۇنلاشقانلار، يېڭى كەسىپ ھالىتىدە ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا قاتنىشىش تۈزۈمىنى تاكاممۇللاشتۇرۇش، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنى كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمىنى تاكاممۇللاشتۇرۇش، ياشانغانلارغا كۈيۈنۈش ـ مۇلازىمەت قىلىش سىستېمىسىنى تاكاممۇللاشتۇرۇش، مېيىپلەر، يېتىم بالىلارغا ياردەم بېرىش ـ يۆلەش قاتارلىق ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. «داۋالاش، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، تېببىي دورا بىرلەشمە ھەرىكىتى»نى قەتئىي بوشاشماي ماس ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەت تەشكىللىگەن دورا ۋە ئۈپرىما ماتېرىياللارنى مەركەزلىك ھالدا مىقدارلىق سېتىۋېلىش ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، داۋالىنىش سۇغۇرتىسىدىن چىقىم قىلىش ئۇسۇلى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى فوندىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: قانۇن چىقىرىش، قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈش، قانۇنغا رىئايە قىلىش قاتارلىق ھەرقايسى ھالقىلاردىن ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي كاپالەت ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا قانۇنچىللىق يولىدا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىجتىمائىي كاپالەتكە دائىر قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار، شەخسلەر، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت ھوقۇق ـ مەنپەئىتى، مەجبۇرىيىتى، مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئىجتىمائىي كاپالەت فوندىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سىستېمىسىنى قانۇن بويىچە تاكاممۇللاشتۇرۇش كېرەك. قىلچە يول قويماسلىق پوزىتسىيەسى بىلەن تۈرلۈك ئىجتىمائىي كاپالەت مەبلىغىنى ھىيلە ئىشلىتىپ ئالداپ ئېلىۋېلىش، كۆز بويامچىلىق قىلىپ ئېلىۋېلىش ياكى يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىش، قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىشتەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھەربىر پۇڭ «ياشانغانلار كۈتۈنۈش پۇلى»، «جان ساقلاش پۇلى» ۋە ھەربىر «قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش پۇلى»، «خەيرىيەت پۇلى»نى ياخشى قوغداش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىجتىمائىي كاپالەتنى باشقۇرۇش سىستېمىسى ۋە مۇلازىمەت تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، باشقۇرۇشنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش دەرىجىسى ۋە مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە تېخىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىجتىمائىي كاپالەتنى تۈزەش ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىجتىمائىي سۇغۇرتا مۇناسىۋىتىنى تىزىملاش ۋە يۆتكەپ داۋاملاشتۇرۇش تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئوبيېكتلىرىنى دەل جايىدا بېكىتىش مېخانىزمىنى تاكاممۇللاشتۇرۇپ، كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياردەم بېرىشكە تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىسىگە ياردەم بېرىش، بەھرىلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى بەھرىلەندۈرۈش كېرەك. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئاممىۋى مۇلازىمەت سۇپىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا بېجىرىشنى رەقەملەشتۈرۈپ تېپىنى ئۆزگەرتىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئەنئەنىۋى مۇلازىمەت شەكلى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان مۇلازىمەتتە يېڭىلىق يارىتىشنى تەڭ يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ياشانغانلار، مېيىپلەر قاتارلىق كىشىلەر توپىنىڭ ئالاھىدىلىككە قارىتا، تېخىمۇ سەممىمىي، ئىللىق بولغان ئىجتىمائىي كاپالەت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك. بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇسۇللارنى يەكۈنلەپ، دۆلىتىمىز ئىجتىمائىي كاپالىتىنىڭ تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەرگە نىسبەتەن جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە ئىنكاس قايتۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: تۈزۈمنىڭ بىردەكلىكى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلغان بولۇشىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشتە چىڭ تۇرۇپ، تۈزۈمنىڭ قاتتىق چەكلىمىسىنى ئاشۇرۇپ، تۈزۈمنىڭ يۈرۈشۈشكە بولغان باشقۇرۇش، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەرقايسى رايونلار چوقۇم ئومۇملۇق ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، تۈزۈم ئىسلاھاتى تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە تۈرلۈك ئىسلاھات لايىھەلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى ياخشى تۇتۇپ، ئومۇمىي خەلقنى قاپلىغان ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى تاكاممۇللاشتۇرۇشتا ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۈرلۈك خىزمەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن مول نەتىجىلەرنى تولۇق نامايان قىلىش كېرەك؛ ئېتىقادى مۇستەھكەم بولۇش، پارتىيەگە سادىق بولۇش، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىش، شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلاشتەك ئالىيجاناب پەزىلەتنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيەدە ئەخلاقلىق كىشىلەردىن ئۆگىنىدىغان، ئاۋانگارتلاردىن بولۇشقا تىرىشىدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، كىشىلەرنى روھلاندۇرۇش، جەڭگىۋارلىقنى ئۇرغۇتۇش كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

«ئۇقتۇرۇش»تا «1 ـ ئىيۇل ئوردېنى» نامزاتى ۋە مەملىكەت بويىچە «ئىككى ئەلا، بىر ئىلغار» لىققا كۆرسىتىلىدىغان نامزاتلارنىڭ سانى، ئاساسىي شەرتى ۋە نامزات كۆرسىتىش (كۆرسىتىش) چارىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. ھەرقايسى نامزات كۆرسەتكۈچى(كۆرسەتكۈچى) ئورۇنلاردىن تەشكىلىي رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، ئاساسلىق مەسئۇل يولداش ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇش، كونكرېت خىزمەت لايىھەسىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ يولغا قويۇش تەلەپ قىلىندى. قەتئىي تۈردە پارتىيەنىڭ ئالاقىدار ئىچكى نىزاملىرىدا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم، شەرت ۋە تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىپ، كۆرسىتىلىدىغان نامزات ۋە كۆرسىتىلىدىغان ئوبيېكتنىڭ ئىزچىل ئىپادىسى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، ئەمەلىي تۆھپىسى باھالاشنىڭ ئۆلچىمى قىلىنىدۇ. دېموكراتىيە تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىن كەڭ پىكىر ئېلىنىپ، ئىلغارلىقى، ۋەكىللىك خاراكتېرى ۋە دەۋر خاراكتېرى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

# ئاپتونوم رايونىمىز ئەۋزەل خاس كەسپلەر توپى قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئاچتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **شى شىن** خەۋەر قىلدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون ئەۋزەل خاس كەسپلەر توپى قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ئىدىيەۋى تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەۋزەل خاس كەسپلەر توپى قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئەۋزەل خاس كەسپلەر توپى قۇرۇش يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنىڭ رېئال ئېھتىياجى، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم يولى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ئەۋزەل خاس كەسپلەر توپى قۇرۇشنى تېزلىتىپ، «14 ـ بەش يىل»دا يېزا ـ كەنت كەسپلىرىنى گۈللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشتا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەۋزەل خاس كەسپلەر توپى قۇرۇلۇشىدىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، يېتەكچى كەسپلەر ئارقىلىق توپ «بەرپا قىلىش»، مۇھىم ئامىللارنى توپلاش ئارقىلىق توپ «قۇرۇش»، يېڭىلىق يارىتىپ تۈرتكە بولۇش ئارقىلىق توپنى «جانلاندۇرۇش»، يېشىل تەرەققىيات ئارقىلىق توپنى «گۈللەندۈرۈش»، يۇغۇرما تەرەققىيات ئارقىلىق توپنى «كۈچەيتىش»نى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا ـ كەنت كەسپلىرىنىڭ رايون ئېشىش قۇۋۋىتى ۋە يېڭى ئېنېرگىلىكىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئەۋزەل خاس كەسپلەر توپى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدا يېزا ـ كەنت كەسپلىرىنى ياخشى ئىشلەشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئەۋزەل خاس كەسپلەر توپى قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايون بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ 2020 ـ يىللىق پارتىيە گۇرۇپپا (پارتىيە كومىتېتى) شۇجىلىرىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتىن بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى باھالاش ھەم 2021 ـ يىللىق ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنى ئاچتى

# ھەر دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ پائال تۈردە سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، مەسئۇلىيەتچان، ئۈنۈملۈك بولغان نەمۇنىلىك ئورگان بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاڭ يۈنمېي** خەۋەر قىلدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايون بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ 2020 ـ يىللىق پارتىيە گۇرۇپپا (پارتىيە كومىتېتى) شۇجىلىرىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتىن بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى باھالاش ھەم 2021 ـ يىللىق ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ 2020 ـ يىللىق پارتىيە گۇرۇپپا (پارتىيە كومىتېتى) شۇجىلىرىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى تۇتۇش ئەھۋالىنى خۇلاسىلەپ ۋە باھالاپ ـ تەكشۈرۈپ، 2021 ـ يىللىق ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ پائال تۈردە سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، مەسئۇلىيەتچان، ئۈنۈملۈك نەمۇنىلىك ئورگان بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولدى.

ئون ئورۇننىڭ پارتىيە گۇرۇپپا (پارتىيە كومىتېتى) شۇجىسى يىغىندا خىزمەتتىن دوكلات بەردى، 85 ئورۇننىڭ پارتىيە گۇرۇپپا (پارتىيە كومىتېتى) شۇجىسى يازما خىزمەت دوكلاتى بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇۋەققەت باش كاتىپ سارقىت ئاقان يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم باھا بەردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى لى يىفېي يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار پارتىيە گۇرۇپپا(پارتىيە كومىتېت)لىرى سىياسىي ئورگانلىق ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، سىياسىي يۆنىلىشنى توغرا ئىگىلەپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسىي تۇرمۇشنى چىڭىتىپ، ئورگاندىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە تەربىيەلىشى، يېتەكلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى ياخشى تۇتۇپ، ئورگان پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىدىيەۋى قۇرۇلۇشىنى سىجىل كۈچەيتىش كېرەك؛ سىياسىي ئىقتىدارنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئورگان پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى سىجىل كۈچەيتىش كېرەك؛ ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىشتا قاتتىق بولۇپ، ئورگان پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى سىجىل كۈچەيتىش كېرەك؛ قاتتىق چەكلىمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئورگان پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىنتىزام قۇرۇلۇشىنى سىجىل كۈچەيتىپ، مەركەزنى چۆرىدەپ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ كەسىپنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئورگانلار پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈش كېرەك.